ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

# «چېگرا لىنىيەسى نەدە بولسا، بىز شۇ يەرنى قوغدىشىمىز كېرەك»

## ـــ ئاقتۇ ناھىيەسى بۇلۇڭكۆل يېزىسىدىكى چېگرا قوغدىغۇچى مەمەتتۇر ئوبۇلھەسەن توغرىسىدا خاتىرە

يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر

□ مۇخبىرىمىز ۋاڭ شىڭرۇي

6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، مەمەتتۇر ئوبۇلھەسەن ئۈرۈمچىدە 6 ـ نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنى مۇكاپاتلاش مۇراسىمىغا قاتناشقاندىن كېيىن، ئاقتۇ ناھىيە بازىرىغا قايتىپ كېلىپ، چۈشتىلا تاغدىكى ئۆيى ـــ پامىر ئېگىزلىكىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئورۇنغا جايلاشقان بۇلۇڭكۆل يېزىسى سۇنىڭبېشى كەنتىگە ماڭدى. ئاپتوموبىل تاغ تىزمىلىرىدىن ئېشىپ، تونېلدىن ئۆتۈپ، تەخمىنەن ئۈچ سائەتتىن كېيىن، كۆز يەتكۈسىز ئېگىز تاغلارنىڭ ئارىسىدىكى نەچچە رەت سېلىنغان بىر قەۋەتلىك ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى، بۇ يەر دەل ئۇ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان جاي ئىدى. مەمەتتۇرنىڭ دېيىشىچە، 40 يىل ئىلگىرى، ئوخشاشلا چېگرا قوغدىغۇچى بولغان دادىسى ئوبۇلھەسەن بۇ يولدا پەقەتلا تۆگىگە مىنىپ، ئۈچ كۈن مېڭىشقا توغرا كېلىدىكەن.

بۈگۈنكى كۈندە، بۇ يەردىكى شېغىل يول ئاسفالت يولغا ئۆزگەردى، تۆگىنىڭ ئورنىغا ئاپتوموبىل ئالماشتى. مەمەتتۇر مۇنداق دېدى: «بوۋامدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، ئائىلىمىزدىكىلەر چېگرا قوغداپ 4 ـ ئەۋلادقا ئۇلاشتى، جەمئىي 16 چېگرا قوغدىغۇچى چىقتى».

### تاپشۇرۇقنى ئۇنتۇماسلىق

### 20 يىل چېگرا چارلاشنى ئۈزۈلدۈرمەسلىك

ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى تۇرالغۇسىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا، مەمەتتۇر ئۆزىنىڭ يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان نەرسىسى ـــ بىر يېپيېڭى كىچىك خۇرۇم چامادىنىنى ئىنچىكىلىك بىلەن رەتلىدى. ئىچىگە مۇكاپات ئالغان چاغدا كىيگەن كىيىمى، ئەخلاق نەمۇنىچىسى تەقدىرنامىسى ۋە مۇكاپات لوڭقىسى رەتلىك سېلىنغان، قىپقىزىل شەلپەر ئىككى قاتلىنىپ ئەڭ ئۈستىگە قويۇلغانىدى. ئىشىكتىن چىقىدىغان چاغدا، 77 ياشلىق ياشانغان ئانىسى ئۇنىڭ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، بوش ئاۋازدا مۇنداق تاپىلىدى: «بارغاندىن كېيىن ياخشى ئىشلىگىن، سالامەتلىكىڭگە دىققەت قىلغىن».

تاغ باغرىدا قۇياش نۇرى پارلاپ تۇراتتى، تاغ چوققىسىدا كۈچلۈك شىمال شامىلى چىقىپ تۇراتتى. ئېگىز تاغ ۋە تىك چوققىلار ئارىسىدا، مەمەتتۇر ۋە باشقا 11 ئائىلىلىك چارۋىچىنىڭ ئىككى رەت سېلىنغان بىر قەۋەتلىك ئۆيلىرى ناھايىتى كىچىك كۆرۈنۈپ تۇراتتى، لېكىن ئۆي ئالدىدىكى شامالدا لەپىلدەپ تۇرغان دۆلەت بايرىقى كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى. شامال بارغانسېرى كۈچەيدى، ئۇنىڭغا ئارىلاش يامغۇر تامچىلىرى يۈزگە كۈچلۈك ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، خوتۇنى مەشكە ئوت قالاپ قىزارتىۋەتتى، مەمەتتۇر كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان چېگرا قوغداش ھېكايىسىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

37 يىل ئىلگىرى، يەتتە ياشلىق مەمەتتۇر تۇنجى قېتىم دادىسىغا ئەگىشىپ چېگرا لىنىيەسىگە قەدەم باسقانىدى. ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان چېگرا تېشىغا قاراپ تۇرۇپ، دادىسى ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇ تەرەپ باشقىلارنىڭ دۆلىتى، بۇ تەرەپ بىزنىڭ دۆلىتىمىز.» ئۇ دادىسىغا ئەگىشىپ بىر تەرەپتىن چارۋا باققاچ، بىر تەرەپتىن چېگرا قوغدىدى، ئېگىزلىكتە كۈنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە 17 يىل ئۆتتى. دادىسىنىڭ سەممىي، قەتئىي ئېتىقادى ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر قىلماقتا ئىدى: «چېگرا لىنىيەسى نەدە بولسا، بىز شۇ يەرنى قوغدىشىمىز كېرەك».

مەمەتتۇر ئائىلىسىنىڭ چېگرا قوغداش تارىخى بوۋىسىدىن باشلانغان، كېيىن يەنە دادىسىغا تاپشۇرۇلغان. مەمەتتۇر 24 ياشقا كىرگەن يىلى، دادىسى چېگرا قوغداش ۋەزىپىسىنى مەمەتتۇرغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. دادىسى مۇنداق دېدى: «يېشىم چوڭىيىپ قالدى، سىلەر چېگرانى داۋاملىق قوغدىشىڭلار كېرەك.» دادىسىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئېسىدە ساقلاپ، مەمەتتۇرنىڭ ئېگىزلىكنى بۈگۈنگىچە چىڭ ساقلاۋاتقىنىغا 20 يىل بولدى.

ئون يىل ئىلگىرى، مەمەتتۇر ھويلىسىغا بايراق خادىسى تىكلىدى، ھەر ھەپتىدە چېگرا قوغدىغۇچىلار بىلەن بۇ يەردە دۆلەت بايرىقى چىقاردى، ئۇ: «بۇ، ۋەتەننىڭ سىمۋولى» دېدى.

### ئەسلىي مەقسەتنى ئۆزگەرتمەسلىك

### جاپا ـ مۇشەققەتتىن باش تارتماي، يۇرت ـ ماكانىنى قوغداش

ئېگىزلىكنىڭ ھاۋارايى كۆپ ئۆزگىرىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن قىسقىلا بىر نەچچە سائەت ئىچىدە، ئاۋۋال يامغۇر ياغدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا پۇرچاقتەك چوڭلۇقتىكى مۆلدۈرگە ئۆزگەردى. كەچقۇرۇن يەنە قار لەپىلدەشكە باشلىدى. ئۆتكەن نەچچە ئون يىلدا، مەمەتتۇر ئائىلىسىدىكىلەر مانا مۇشۇنداق جاپالىق مۇھىتتا ۋەتەننىڭ چېگرا لىنىيەسىنى چىڭ ساقلاپ كەلدى.

تاغدا كىلىمات ناچار بولغاچقا، شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئازدۇر ـ كۆپتۇر چىشى چۈشۈپ تۇرىدۇ. مەمەتتۇرنىڭ مۇشۇ نەچچە يىلدا جەمئىي ئالتە تال چىشى چۈشۈپ كەتتى. ئۇ: «قىش كۈنلىرى چېگرا چارلىغاندا، ئۇسساپ كەتسەم قار يېدىم، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى چىشلىرىم چۈشۈپ كەتتى» دېدى.

يىل بويى جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈپ، مەمەتتۇر ئاشقازان كېسىلى ۋە رېماتىزم كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. بۇنىڭدىن سىرت، مەمەتتۇرنىڭ يەنە جىددىيلەشسىلا يۈرىكى بىئارام بولىدىغان كېسىلى بار. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ بىر قېتىملىق چېگرا چارلىغان چاغدىكى خەتەردىن قالغان كېسەل ئاسارىتى ئىكەن.

2008 ـ يىلى قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى، مەمەتتۇر چېگرا چارلاۋاتقاندا، بىر يول بۆلىكىدە موتوسىكلىت مىنىپ ماڭالماي، ئامالسىز پىيادە ماڭغان. ئويلىمىغان يەردىن قېلىن قار يېغىپ، ئۇ تېخى تاغدىن چۈشمەي تۇرۇپلا، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن. تاغدىن چۈشۈۋاتقان چاغدا، ئۇ تۇيۇقسىز پارقىراپ تۇرغان تۆت كۆزنى كۆرگەن. «ئىككى بۆرە ئەينى چاغدا مەندىن 200 ـ 300 مېتىرلا يىراق يەردە ئىدى.» مەمەتتۇرنىڭ ئەسلىشىچە، جىددىي پەيتتە، ئۇ بىر تەرەپتىن، ئۈنلۈك ئاۋازدا توۋلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن، يەردىن تاش ئېلىپ قالايمىقان ئاتقان. بۆرىلەر قېچىپ كەتكەن، مەمەتتۇرنىڭ گۈپۈلدەپ سوققان يۈرىكى ئاندىن ئاستا ـ ئاستا جايىغا چۈشكەن.

نەچچە ئون يىللىق بوران ـ چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرگەن مەمەتتۇر چېگرا قوغداشنىڭ جاپالىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر بىلىدۇ. ئۇ: مەن كىچىكىمدىن تارتىپ مۇشۇ يەردە ئۆسۈپ چوڭ بولدۇم، چېگرانى قوغدىغانلىق ئۆز ئۆيۈمنى قوغدىغانلىق، قانچە جاپا تارتساممۇ ئەرزىيدۇ، دېدى.

### ئىرادىسىدىن يانماسلىق

### تۆت ئەۋلاد كىشى چېگرا لىنىيەسىنى چىڭ ساقلاش

مەمەتتۇرنىڭ چوڭ قىزى گۈلجامال مەمەتتۇر ئائىلىسىدىكى 4 ـ ئەۋلاد چېگرا قوغدىغۇچى. بۇ بىرنەچچە كۈندە، ئۇ ۋە ئانىسى، سىڭلىسى تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇپ، دادىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە مۇكاپات ئالغان كۆرۈنۈشىنى ھاياجان بىلەن كۆردى ھەم تارتىۋالغان سۈرەتلەرنى ئۈندىدار دوستلار چەمبىرىكىدە ئارقا ـ ئارقىدىن تارقاتتى، ئۇلارنىڭ قەلبى پەخىرلىنىش ۋە ئىپتىخارلىققا تولدى.

گۈلجامال تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا، تاغقا قايتىپ چىقىپ، چېگرا قوغدىغۇچى بولدى. ئۇ سەممىيلىك بىلەن، ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن چېغىدا پۇشايمان قىلغانلىقىنى، لېكىن دادىسى ۋە شۇنچە كۆپ چېگرا قوغدىغۇچىنىڭ يىلمۇيىل چېگرا قوغدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭمۇ بىر كىشىلىك مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ھېس قىلغانلىقىنى ئېيتتى.

مەمەتتۇرنىڭ چوڭ ئاكىسى، بۇ يىل 60 ياشتىن ئاشقان تاجى ئوبۇلمۇ بىر چېگرا قوغدىغۇچى بولۇپ، مەمەتتۇرنى تىلغا ئالغاندا، ئۇ ماختاپ مۇنداق دېدى: «ئىنىم بىر مۇنەۋۋەر چېگرا قوغدىغۇچى، ئۇ دادامغا ئوخشاش مۇنەۋۋەر».

مەمەتتۇر ھەر قېتىم تاغدىن چۈشۈپ قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئانىسى تاشبۇ سالام ئۇنىڭدىن چېگرا قوغدىغاندىكى ئەھۋاللارنى سورايتتى. مەمەتتۇرنى تىلغا ئالغاندا، موماي ناھايىتى ئىچى ئاغرىغان ھالدا: «ھەر قېتىم تاغدىن چۈشسە مەن ئۇنى كېسىلىنى كۆرسىتىپ بېقىشقا دەۋەت قىلىمەن، ئەمما ئۇ دائىم ئالدىراش تاغقا چىقىپ كېتىدۇ» دېدى. لېكىن موماي يەنىلا باللىرى ۋە نەۋرىلىرىدىن چېگرانى ياخشى قوغداشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئىبرىم ھايات چېغىدا دائىم ‹ئوغلۇم ۋە نەۋرىلىرىم مۇشۇ يەردە تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن، جەزمەن ۋەتەننىڭ چېگرا لىنىيەسىنى ياخشى قوغدىشى كېرەك› دەيتتى».

بۇ بىرنەچچە يىلدا، مەمەتتۇر ئاز بولمىغان شەرەپلەرگە ئېرىشتى، ھەربىر تەقدىرنامە، ھەربىر شەلپەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇ رەتلىك قىلىپ ئۆيىنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويدى. ئانىسى مۇنداق دېدى: «بۇ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئوغلۇمغا بەرگەن شان ـ شەرىپى. ئۇ مۇنەۋۋەر چېگرا قوغدىغۇچى، ۋەتەننىڭ چېگراسىنى ياخشى قوغداش ئۇنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى».

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۈچىنچى، سۇڭ ئەيگونى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەرەب مىسىر جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

لياۋ لىچياڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەرەب مىسىر جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

تۆتىنچى، خۇ جاۋمىڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كىرودىيە جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

شۇ ئېرۋېن (ئايال)نى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كىرودىيە جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

بەشىنچى، ۋاڭ مىننى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نورۋېگىيە پادىشاھلىق دۆلىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

يى شيەنلياڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نورۋېگىيە پادىشاھلىق دۆلىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

ئالتىنچى، يۈ جيەنخۇانى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋەدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى ۋە شىۋېيتسارىيەدىكى باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلاردا دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللىكىدىن، ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

چېن شۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋەدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى ۋە شىۋېيتسارىيەدىكى باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلاردا دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللىكىگە، ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇغداي سېتىۋېلىش ـ زاپاس ساقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتىدا كۆپ تەرەپ پايدا ئېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىر يىلدىن كۆپرەك ئىزدىنىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىز سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى يۆنىلىش قىلغان، رايون ئەھۋالىغا، ئاشلىق ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان بۇغداينى بازارلاشتۇرۇپ سېتىۋېلىش، زاپاس ساقلاش يېڭى مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ شەكىللىنىش مېخانىزمى ۋە سېتىۋېلىش ـ زاپاس ساقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم بىر قەدەم تاشلىدى.

ليۇ شۆمىڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئىسلاھات يەنە سىياسەت توسۇقىنى يوقىتىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرى، پۇقراۋى كارخانىلار، ئاشلىق ۋاستىچىلىرى قاتارلىق كۆپ مەنبەلىك سۇبيېكتلار بىرلىكتە بازارغا كىرىپ سېتىۋالىدىغان يېڭى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ، دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ سىياسەت خاراكتېرلىك سېتىۋېلىش ـ زاپاس ساقلاشتىكى «يالغۇز كىشىلىك ئويۇن»دىن كۆپ مەنبەلىك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ «بىر سەھنىدە رىقابەتلىشىش»كە ئۆزگىرىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بازار مۇھىم ئامىللىرىنى قوزغىتىپ، كارخانىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، ئاشلىق بازىرىنى جانلاندۇردى. ئىسلاھات ئارقىلىق، ئەلا سۈپەتلىكلىرىنىڭ باھاسى يۇقىرى بولۇش گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئەلا سۈپەتلىك بۇغداي تېرىش ئاكتىپلىقى ئۇرغۇتۇلۇپ، ئاشلىقنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىش ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بىلەن تەمىنلەندى. تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئېڭى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، ئاشلىق ساتىدىغان دېھقانلارنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. ئاشلىق تېرىغان دېھقانلار ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتى، بۇغداينىڭ سېتىۋېلىش باھاسى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستى، بولۇپمۇ ئەلا سۈپەتلىك بۇغداينىڭ سېتىۋېلىش باھاسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

بۇ يىل ئاپتونوم رايوننىڭ بۇغداي سېتىۋېلىش ـ زاپاس ساقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ ئىككىنچى يىلى، ئاپتونوم رايون ئاشلىقنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىشنى داۋاملىق ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتى يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بۇغداي سېتىۋېلىش ـ زاپاس ساقلاش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

# شىنجاڭدا بۇغداينىڭ بىرلىك ھوسۇل رېكورتى يېڭىلىنىپ 731.3 كىلوگىرامغا يەتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كۈزگى بۇغداينىڭ يېڭى سورتى شىندۇڭ 60 ـ نومۇرنىڭ نەق مەيداندا ئەمەلىي ئېلىنغان ھوسۇلىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى.

مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى نەق مەيدانغا بېرىپ بۇغداينىڭ ئېتىزدىكى ئۆسۈش ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن، «پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئاشلىقتىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش بويىچە ھوسۇلنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش چارىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۆلچەش، ماشىنا بىلەن يىغىپ دېنىنى ئايرىش، ئېغىرلىقىنى ئۆلچەش، سۇ تەركىبىنى ئۆلچەپ بېكىتىش، ئەۋرىشكە ئېلىپ ئارىلاشما نىسبىتىنى ئۆلچەپ بېكىتىش قاتارلىق ھالقىلار ئارقىلىق، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش پىكرىنى شەكىللەندۈردى.

مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئىختىيارىي تاللىغان بىرتوتاش ئەمەلىي ھوسۇل ئېلىش كۆلىمى 3.18 مو، ئېلىنغان بۇغداي دېنىنىڭ ساپ ئېغىرلىقى 2346 كىلوگىرام، ئارىلاشما نىسبىتى 0.1%، ئوتتۇرىچە سۇ تەركىبى مىقدارى 13.68% بولۇپ، 13%لىك ئۆلچەملىك سۇ تەركىبى مىقدارى بويىچە سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، شىندۇڭ 60 ـ نومۇرنىڭ مو بېشى ھوسۇلى 731.3 كىلوگىرامغا يەتكەن. ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتىنىڭ بېكىتىشىچە، بۇ، شىنجاڭنىڭ كۈزگى بۇغدايدىن ئەمەلىي ئېلىنغان بىرلىك ھوسۇل رېكورتىنى يېڭىلىغان.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ بۇغداي يېتىشتۈرۈش مۇتەخەسسىسى لىي جۈنجيې مۇنداق دېدى: بۇ ئۆلگە كۆرسىتىش ئېتىزىدا سۈپەتلىك ئۇرۇقنى ياخشى ئۇسۇلنى ياندىشتۇرۇش، سۇ بىلەن ئوغۇت بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەپ تېمىتىپ سۇغىرىش، بىر قېتىم دورا پۈركۈش ئارقىلىق كۆپ خىل ئالدىنى ئېلىش، سۇ تېجەپ ئوغۇت ـ دورا مىقدارىنى ئازايتىش قاتارلىق كۆپ خىل يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى كوجۇملاشتۇرۇپ قوللىنىلىپ، يۇقىرى ھوسۇللۇق ـ يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇش، ئوغۇت ـ دورا مىقدارىنى ئازايتىش، ھوسۇلنى يېشىل ئاشۇرۇش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلغان. يۇقىرى ھوسۇل رېكورتىنىڭ يېڭىلىنىشى بۇغداينىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا يەنىلا بىرقەدەر يۇقىرى مول ھوسۇل ئېلىش يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، يېڭى سورتنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش شىنجاڭنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىنى تېخنىكا تىرەك بىلەن تەمىنلەپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشىدا تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىرىنچى ۋاقىتتا بازارغا كىرىپ سېتىۋېلىشتا چىڭ تۇرۇشنى قوللايدىكەن. بۇغداي ئۇنى پىششىقلاش كارخانىلىرى قاتارلىق كۆپ مەنبەلىك سۇبيېكتلارنىڭ بازارغا كىرىپ سېتىۋېلىشىغا داۋاملىق ئىلھام بېرىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش كارخانىلىرىنىڭ پىششىقلاش كارخانىلىرى بىلەن ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشىگە تۈرتكە بولۇپ، كۆپ مەنبەلىك سۇبيېكتلار پائال قاتنىشىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىۋېلىش ـ زاپاس ساقلاش ـ پىششىقلاش ـ سېتىش ئۆزئارا جىپسىلاشقان، ئەلا سۈپەتلىكلىرىنىڭ باھاسى يۇقىرى بولغان ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ ساقلاش يېڭى ۋەزىيىتى كۈچەپ بەرپا قىلىنىپ، «ئاشلىق سېتىۋالىدىغان ئادەم بولۇش»نىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدىكەن.

پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئىناۋەت كاپالەت فوندى قەرز پۇل كارخانىسى 150 بولۇپ، 2018 ـ يىلدىكىدىن بەشى يېڭىدىن كۆپەيگەن. جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىسى مۇددەتتىن بۇرۇن تەييارلىغان بۇغداي سېتىۋېلىش قەرز پۇل كۆلىمى 8 مىليارد يۈەن بولۇپ، 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 1 مىليارد يۈەننى تارقىتىپ، «پۇلنىڭ ئاشلىقنى ساقلاپ تۇرۇشى»نى ئىشقا ئاشۇرغان.

«ئاشلىق ساقلايدىغان ئامبار بولۇش»نى چۆرىدەپ، ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى سېتىۋالغۇچى كارخانىلار 2 مىليون 572 مىڭ توننا ئامبار سىغىمىنى بوشاتقان، بىرلەشتۈرگەن، تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان جىددىي ھاۋالىلىك بۇغداي سېتىۋېلىش ـ زاپاس ساقلاش ئامبار نۇقتىسى 346 بولۇپ، ئامبار سىغىمى جەمئىي 4 مىليون 885 مىڭ توننا ئىكەن.

يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش مەزگىلىدە، ھەرقايسى جايلار خىزمەت كۈچىنى تولۇقلاپ، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لەردە بەشتىن يەتتىگىچە ئادەمنىڭ، ناھىيە (شەھەر، رايون)دە تۆتتىن ئالتىگىچە ئادەمنىڭ ئىش ئورنىدا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ بۇغداي سېتىۋېلىش ـ زاپاس ساقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتى ۋە يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىشنى تەشكىللەپ يولغا قويۇش، سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش، باھانى كۆزىتىپ تەكشۈرۈش، سانلىق مەلۇماتلارنى ئىستاتىستىكا قىلىش، نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش، سۈپەتنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، «ئاشلىق باشقۇرىدىغان ئادەم بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرىدىكەن.

ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ۋە ئەشيا زاپاس ساقلاش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك كادىرى ليۇ شۆمىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئومۇمەن «ئاشلىق سېتىۋېلىش ئىجازەتنامىسى» بار كارخانىلار مەمۇرىي رايون ھالقىپ سېتىۋالسا بولىدۇ. ھەرقايسى جايلارنىڭ بىردەك سىياسەت قورغىنى تەسىس قىلىشىغا، سېتىۋېلىش رايونىنى قامال قىلىۋېلىشىغا بولمايدۇ، كارخانىلارنىڭ قانۇنلۇق سېتىۋېلىشى ـ سېتىشىنى چەكلىسە بولمايدۇ. ئاشلىق ۋاستىچىلىرىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش ئىجازەتنامىسى بېجىرىشى ھاجەتسىز، لېكىن ساھە تەلەپچانلىقىنى كۈچەيتىپ، سېتىۋېلىش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك، ئاشلىق تېرىغان دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايون يەنە يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىشتىكى ئەرز قىلىش ـ پاش قىلىش تېلېفونىنى ئېلان قىلدى: 12325 مەملىكەتلىك ئاشلىق ئوبوروتىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش قىزىق لىنىيەسى ۋە 12315 بازارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئەرز قىلىش ـ پاش قىلىش قىزىق لىنىيەسى.